# 22927 - رامزاننىڭ كۈندۈزدە بىمارنىڭ مەقەت يولدىن دورا كىرگۈزۈشى توغرىسىدا

## سوئال

روزىدار كېسەل بولسا، رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولدىن دورا كىرگۈزسە قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى  ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

روزىدار كېسەل بولسا، رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولدىغان دورا كىرگۈزسەم بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ، چۈنكى يېمەك-ئىچمەك ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسە ئەمەس.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزنى رامزاننىڭ كۈندۈزدە يېمەك-ئىچمەكتىن ياكى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ ھۆكمى بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن چەكلىدى. يېمەك-ئىچمەك ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھۆكمى ئىسپاتلانمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.